## گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# تارىخىي بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايمەن

□ ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قادىر كابىن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش «بىرىكمە مۇشت»نى توختىماستىن بوشاشماي ياخشى ئاتتى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، ۋەزىيەت كونتروللۇقىمىزدا بولغان، ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن خۇشاللىنارلىق ھالەت شەكىللەندى.

پارتىيەگە سادىق بولۇپ، مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا باش نىشاننى ئىزچىللاشتۇرىمەن، ئەمەلىيلەشتۈرىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالدى، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشى ئاخىرلىق توسۇلدى، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىش جەمئىيەت كەيپىياتىغا ئايلاندى، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ئەمما بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچ مەزگىل گىرەلىشىپ كەتكەن» ۋەزىيىتى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى، مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار يەنىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، نەتىجە يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختىلاشقا يېتەكلەپ ۋە تەربىيەلەپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نى تۇپراقسىز، بازارسىز قويۇشىمىزغا موھتاج. بىز ئىدېئولوگىيە ئاساسىي بازىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ھەققانىيەت ساداسىنى تارقىتىپ، زامانىۋى مەدەنىي ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتۈشىمىز كېرەك.

پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر ۋاقىت باش نىشاننى قەلبكە پۈكۈش، باش نىشاننى زىممىگە ئېلىش، باش نىشاننى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىقتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، زېھنىنى چاچماسلىق، سالماقنى ئاجىزلاتماسلىق، تەدبىردە شەكىلۋازلىق قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەڭگە جەڭگە ئۇلاپ قىلىپ، تۈگۈننى تۈگۈنگە ئۇلاپ تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمەن. مەن ئاكتىپ ھالدا ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىنى زىممەمگە ئېلىپ، باشلامچىلىق بىلەن «ئۈچ خىل كۈچ»كە جەڭ ئېلان قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى «ئارغامچا» بولۇپ ئۇيۇشۇش، «تور» بولۇپ بىرىكىشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمەن.

ئىدىيەنى يېتەكچى قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئىدېئولوگىيە ئاساسىي بازىسىنى چىڭ ساقلايمەن. زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ يىلتىزى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، ئىدىيە ئاساسى دىنىي ئەسەبىيلىك. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىللە، زور كۈچ بىلەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى يوقىتىش شەرت. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى پاكىز تازىلاپ، پاكىز قېزىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىمەن.

# باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاممىۋى ئاساسنى پۇختا سالىمەن

□ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئەكبەر تۇرغۇن

بىزنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرىشىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ۋە يىلتىزى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە. شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تونۇش بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى تالىشىش كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئىدىيەۋى ئاساسى.

ئۇزاقتىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يالغان سۆز، سەپسەتە تارقىتىپ، شىنجاڭ تارىخىنى تەپ تارتماي بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆزگەرتىۋېتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقىنى كۆپتۈرۈپ، مىللىي ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۈچەپ داغدۇغا پەيدا قىلدى. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى سىڭدۈرمىچىلىكى ئارقىسىدا، بەزى كىشىلەر شىنجاڭنىڭ تارىخىغا قارىتا خاتا قاراش ۋە مۇجمەل تونۇشتا بولدى، ھەتتا ئازدۇرۇلۇپ، مەجبۇرلىنىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ زەمبىرەك يېمى ۋە قۇربانىغا ئايلاندى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلار قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان، چىن، خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. چىن، خەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن ئىككى فېئودال خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كۆپ مىللەت بۈيۈك بىرلىكى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تومۇرىغا ئايلاندى، شىنجاڭ رايونى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەندىزىسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كەلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭ رايونىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، بۇ، شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە شىنجاڭ رايونىدا تارىختا بەزى سۇلالە، خانلىق ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت شەكلى، ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس. شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

تارىخ ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئۇنى ھېچكىم بۇرمىلىيالمايدۇ، ئويدۇرۇپ چىقالمايدۇ ۋە ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل غەرىزى دەل ئىدېئولوگىيەدىن يوچۇق ئېچىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان قان قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

«ئۈچ خىل كۈچ» بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز، بىز «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، «ئىككى پان» ئىدىيەسى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە، چىرىتىشىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋەتەننىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ مېڭىپ، ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئاڭلىق زىممىسىگە ئېلىشى شەرت. مىللەتلەر پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن گۈزەل كەلگۈسىگە ئىگە بولىدۇ.

بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئاكتىپ ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاكتىپ ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايمەن. فۇنكسىيەلىك ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا «كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش»نى ئومۇمىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىمەن؛ پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچەيتىمەن، دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى پان» ئىدىيەسى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن ئىبارەت زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەيمەن؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختىلايمەن. ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسنى پۇختا سالىمەن.

# ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغانلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق

□ خوتەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئەركىن ئەلى

مەن مائارىپ خىزمەتچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانام كومپارتىيە ئەزاسى. كىچىكىمدە دادامنىڭ ماڭا بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئاسان قولغا كەلمىگەن، ئىنقىلابىي قۇربانلار جېنىدىن كېچىپ، ئىسسىق قان ئاققۇزۇش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن، دېگەن سۆزى ھېلىھەم ئېسىمدە.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە تېز ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتتى، بۈگۈنكى كۈندە، يېزىلاردىكى تۇپا يوللار ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، مائارىپ سېلىنمىسى ئۈزلۈكسىز زورايدى، بالىلار مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان، ئاغرىپ قالغانلار كاپالەتكە ئىگە بولالايدىغان، نامراتلار ياردەمگە ئېرىشەلەيدىغان، تىرىشچانلىق قىلغانلار تولۇقلىما ئالالايدىغان بولدى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختكە چۆمدى.

ھالبۇكى، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، مىللىي ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مەدەنىيلىكنىڭ تۆۋەن چېكىگە خىرىس قىلىشقا بولمايدۇ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، غالجىرلاشقان قىلمىشلىرى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىۋاتقان بارلىق كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. «ئۈچ خىل كۈچ»كە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، قول تۇتۇشۇپ، ئاكتىپ ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىز كېرەك.

مەڭگۈ پارتىيەگە سادىق زېرەك ئادەم بولىمەن. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، كاللىسى سەگەك بولۇش، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەيداندا قەتئىي بولۇپ تەۋرەنمەي، پوزىتسىيەدە قەتئىي تۇتۇق بولماي، بايرىقىمنى روشەن قىلىپ مۇجمەل بولماي، مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئالدىدا تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن چوڭقۇر پاش قىلىپ، تەنقىد قىلىپ، قەتئىي ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەش قىلىمەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولىمەن. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ ئۇل تېشى. مەن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا يېتەكلەيمەن؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئامما ئاڭلاپ بىلەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئورتاق ھالدا ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمەن.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى سىجىل كۈچەپ
# تۈرلۈك قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىشنى كۈچەيتىپ، يىپ ئۇچىغا ئاساسەن چوڭقۇر قېزىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرىش بىلەن «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە زەربە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، «قارا كۈچلەرنى يوقىتىش» بىلەن «مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش»نى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەپتىش قىلىش ھالقىسىغا كىرگەن دېلولارنى تېز بېجىرىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «سانجى ئوبلاستىدىكى تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلەش تارماقلىرىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرىنى بېجىرىشنى يولغا قويۇش پىكرى»نى تۈزۈپ، دېلولارنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشنى توغرا ئىگىلەشكە ئاساس سالدى.

ئالتاي شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەپتىش قىلىش فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «مېخانىزم قۇرۇلۇشى»غا تايىنىپ، دېلو بېجىرىشنى كەسپىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈردى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، ئىشتاتلىق ئالتە تەپتىش ئەمەلدارىنى ئەزا قىلغان قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خىزمىتىنى مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلدى.

فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تارماقلار ئارا چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دېلو بېجىرىش كوللېكتىپى تەشكىللەپ، سوراق تېزىسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، كۆپ قېتىم دېلو ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش يىغىنى ئېچىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم دېلولارنى بېجىرىش ئارقىلىق ياخشى قانۇن ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

مەكىت ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بىلەن دېلولارنى ئورتاق كېڭىشىپ، دېلو خاراكتېرىنى بېكىتىش، دەلىل ـ ئىسپات ئۆلچىمى، قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە بىردەك ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈرۈپ، دەل جايىدا زەربە بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ماناس ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 2011 ـ يىلدىن بۇيان بېجىرىلگەن دېلولارغا «قايتا قاراپ چىقىپ»، بايقىغان مەسىلە يىپ ئۇچىنى شۇ جايدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

باي ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پاكىت ۋە دەلىل ـ ئىسپات ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىگىلەپ، خاراكتېر بېكىتىشنىڭ توغرا بولۇشىغا، تەرتىپنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشىغا، دەل جايىدا زەربە بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى بىلەن كېڭىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دېلو پاكىتى ۋە دەلىل ـ ئىسپاتقا قارىتا قانۇن بويىچە ۋاقتىدا تەپتىش قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق مەسىلىنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن ھەل قىلىشقا تىرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)